سەلتەنەتلىك 70 يىل كۆرەشچان يېڭى دەۋر
يېڭى جۇڭگونىڭ قاينام ـ تاشقىنلىق يىللىرى

# بىرلىككە كەلتۈرۈش بۈيۈك ئىشىدىكى ئۇلۇغ تەسەۋۋۇر

پارتىيە 11 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 ـ ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، يولداش دېڭ شياۋپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيەنىڭ 2 ـ ئەۋلاد مەركىزىي كومىتېت رەھبەرلىك كوللېكتىپى تارىخ ۋە ئەمەلىيەتتىن چىقىش قىلىپ، «بىر دۆلەت ئىككى تۈزۈم»دىن ئىبارەت ئىلمىي ئۇلۇغ تەسەۋۋۇرنى ئىجادىي ئوتتۇرىغا قويۇپ، بۇ ئارقىلىق تىنچ ئۇسۇل بىلەن ۋەتەننى بىرلىككە كەلتۈرۈش بۈيۈك ئىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا يول ئاچتى.

1979 ـ يىلى يېڭى يىلدا مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى «تەيۋەنلىك قېرىنداشلارغا مۇراجىئەتنامە»نى ئېلان قىلىپ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى ۋە جۇڭگو هۆكۈمىتىنىڭ تەيۋەن مەسىلىسىنى تىنچ ئۇسۇل بىلەن هەل قىلىش، دۆلەتنىڭ بىرلىكىنى ئىشقا ئاشۇرۇش فاڭجېننى تەنتەنىلىك جاكارلىدى. شۇنىڭدىن كېيىن، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ۋە يولداش دېڭ شياۋپىڭ تەيۋەن مەسىلىسىنى هەل قىلىش ئۇسۇلى ئۈستىدە يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ پىكىر يۈرگۈزدى.

1981 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ كومىتېت باشلىقى يې جيەنيىڭ شىنخۇا ئاگېنتلىقى مۇخبىرىغا سۆز قىلىپ، تىنچ بىرلىككە كەلتۈرۈشنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ توققۇز تۈرلۈك فاڭجېننى ئوتتۇرىغا قويدى.

1982 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى دېڭ شياۋپىڭ ئامېرىكا جۇڭگولۇقلار جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى لى ياۋزى بىلەن كۆرۈشكەندە، تۇنجى قېتىم «بىر دۆلەت ئىككى تۈزۈم» ئۇقۇمى بىلەن بۇنى تېخىمۇ مۇئەييەنلەشتۈردى. ئۇ مۇنداق دېدى: «توققۇز تۈرلۈك فاڭجېن مۇئاۋىن رەئىس يې جيەنيىڭنىڭ نامىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان، ئەمەلىيەتتە بىر دۆلەتتە ئىككى خىل تۈزۈم بولىدۇ دېگەنلىك.» 1983 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى دېڭ شياۋپىڭ يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن هالدا تەيۋەن مەسىلىسىنى هەل قىلىش ئۈچۈن ئالتە تۈرلۈك فاڭجېننى ئوتتۇرىغا قويدى.

يىغىنچاقلىغاندا، «بىر دۆلەت ئىككى تۈزۈم» دېگەنلىك بىر جۇڭگو ئالدىنقى شەرتى ئاستىدا، دۆلەتنىڭ ئاساسىي گەۋدىسى سوتسىيالىستىك تۈزۈمدە چىڭ تۇرىدۇ، شياڭگاڭ، ئاۋمېن ۋە تەيۋەندە ئەسلىدىكى كاپىتالىزم تۈزۈمى ساقلاپ قېلىنىپ ئۇزاققىچە ئۆزگەرمەيدۇ، دېگەنلىكتۇر. مۇشۇنداق ئۇسۇل بىلەن ۋەتەننى بىرلىككە كەلتۈرۈشنى ئىشقا ئاشۇرۇش تەسەۋۋۇردا هەم ۋەتەننى بىرلىككە كەلتۈرۈشنى ئىشقا ئاشۇرۇش، دۆلەتنىڭ ئىگىلىك هوقۇقىنى قوغداش پرىنسىپى نامايان قىلىندى هەم تەيۋەن، شياڭگاڭ ۋە ئاۋمېننىڭ تارىخى ۋە هازىرقى ئەھۋالى تولۇق نەزەرگە ئېلىنىپ، يۈكسەك جانلىقلىق نامايان قىلىندى.

«بىر دۆلەت ئىككى تۈزۈم» فاڭجېنى بويىچە، دۆلىتىمىز ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ 1984 ـ يىلى ۋە 1987 ـ يىلى ئەنگلىيە هۆكۈمىتى ۋە پورتۇگالىيە هۆكۈمىتى بىلەن قوشما باياناتلارنى ئىمزالاپ، جۇڭگو هۆكۈمىتىنىڭ 1997 ـ يىلى ۋە 1999 ـ يىلى شياڭگاڭ ۋە ئاۋمېنغا بولغان ئىگىلىك هوقۇقنى ئەسلىگە كەلتۈرىدىغانلىقىنى رەسمىي جاكارلىدى. شياڭگاڭ ۋە ئاۋمېن مەسىلىسىنىڭ هەل قىلىنىشى دېڭىز بوغۇزى ئىككى قىرغىقىدىكىلەر مۇناسىۋىتىنىڭ ئىلگىرىلىشىگە يەنىمۇ تۈرتكە بولدى.

(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 10 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى تېلېگراممىسى)

# ئاپتونوم رايونىمىز نامرات ئاھالىلەرنىڭ داۋالىنىشى بويىچە دەل جايىدا «ئۈچ مۇھىم كاپالەتلەندۈرۈش»نى ئالغا سىلجىتتى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

مەركەز سالغان مەبلەغ 3 مىليارد 267 مىليون يۈەن، يەرلىك سالغان مەبلەغ 769 مىليون يۈەن. دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايون جەمئىي سالغان مەخسۇس تۈر مەبلىغى 30 مىليارد 543 مىليون يۈەن بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە، مەركەز سالغان مەبلەغ 18 مىليارد 446 مىليون يۈەن، ئاپتونوم رايون سالغان مەبلەغ 12 مىليارد 97 مىليون يۈەن.

كېسەل سەۋەبىدىن نامراتلىشىش، كېسەل سەۋەبىدىن قايتا نامراتلىشىشنىڭ يۇقىرى نىسبىتىنى هەقىقىي تۈردە ئازايتىش ئۈچۈن، ئاپتونوم رايونىمىز نامرات ئاھالىلەرنىڭ داۋالىنىشى بويىچە دەل جايىدا «ئۈچ مۇھىم كاپالەتلەندۈرۈش»نى پائال ئالغا سىلجىتىپ، ئارخىپ تۇرغۇزۇلۇپ كارتا بېجىرىلگەن نامرات ئاھالىلەرنىڭ ھەممىسىنى ئاساسىي داۋالىنىش سۇغۇرتىسى، چوڭ كېسەل سۇغۇرتىسى، داۋالاش ـ قۇتقۇزۇش ـ ياردەم بېرىشتىن ئىبارەت ئۈچ مۇھىم تۈزۈم كاپالىتى دائىرىسىگە كىرگۈزۈپ، خادىملارنى تولۇق قاپلاشنى ئىشقا ئاشۇرغان، نۆۋەتتە نامرات ئاھالىلەرنى چوڭ كېسەل مەخسۇس تۈرى بويىچە قۇتقۇزۇش ـ داۋالاش كېسەل تۈرىدىن 32سى بېكىتىلگەن. بۇ يىلنىڭ ئالدىنقى يېرىمىغا قەدەر، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندا ئاساسىي داۋالىنىش سۇغۇرتىسىغا قاتنىشىش نىسبىتى 98.85% بولغان، ئارخىپ تۇرغۇزۇلۇپ كارتا بېجىرىلگەن نامرات ئاھالىلەرنىڭ ئاساسىي داۋالىنىش سۇغۇرتىسىغا قاتنىشىش نىسبىتى 100% بولغان.

ئاپتونوم رايونىمىز داۋالاش ـ قۇتقۇزۇش ـ ياردەم بېرىشنى تولۇق كاپالەتلەندۈرۈش سالمىقىنى زورايتقان، بۇ يىل ئاپتونوم رايون داۋالاش ـ قۇتقۇزۇش ـ ياردەم بېرىش ياردەم پۇل مەبلىغىدىن 2 مىليارد 483 مىليون يۈەن ئورۇنلاشتۇرغان، بۇنىڭ ئىچىدە، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەت، بىر ئوبلاستنىڭ 2 مىليارد 59 مىليون يۈەن بولۇپ، 83%نى ئىگىلىگەن. ئاپتونوم رايون مالىيەدىن 300 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىپ، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەت، بىر ئوبلاستنىڭ 22 ئېغىر نامرات ناھىيەسىدىكى 1 مىليون 627 مىڭ 500 ئېغىر نامرات ئاھالىنى تولۇقلىما داۋالىنىش سۇغۇرتىسىغا قاتناشتۇرۇپ، «ئۈچ مۇھىم كاپالەتلەندۈرۈش»كە نامرات ئاھالىلەرنىڭ تولۇقلىما داۋالىنىش سۇغۇرتىسى بويىچە دوختۇرخاندا يېتىپ داۋالىنىش هەققىنى قوشۇپ قاتلاپ ئاتچوت قىلدۇرغاندىن كېيىن 95%كە يېتىشكە هەقىقىي كاپالەتلىك قىلغان. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئۆپكە تۇبېركۇليۇز كېسىلىنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەت، بىر ئوبلاستتا كۆپ كۆرۈلۈش ۋەزىيىتىگە قارىتا، ئاپتونوم رايونىمىز ئومۇمىي خەلق سالامەتلىك تەكشۈرۈشكە تايىنىپ تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئىلغاپ تەكشۈرۈشنى قانات يايدۇرۇپ، پۈتۈن مەملىكەت بويىچە ئالدى بىلەن ئۆپكە تۇبېركۇليۇز كېسەللىكى ئاغرىقلىرىنىڭ ئالاھىدە داۋالىنىش كاپالىتى سىياسىتىنى چىقىرىپ، «مەركەزلەشتۈرۈپ دورا ئىچكۈزۈش+ئوزۇقلۇق ناشتىلىقى»نى كېڭەيتىپ، يۇقۇملىنىش مەزگىلىدە ئايرىپ داۋالاشنى يولغا قويۇپ، ئۆپكە تۇبېركۇليۇز كېسەللىكىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشنىڭ شىنجاڭ ئەندىزىسىنى بەرپا قىلغان.

پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ساغلاملىق ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەش هەرىكىتى باشقۇرۇش سىستېمىسىدا كۆرسىتىلىشىچە، هازىرغا قەدەر، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندا كېسەل سەۋەبىدىن نامراتلىشىش 2018 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدىكىدىن 22 مىڭ 643 ئائىلە 87 مىڭ 862 كىشى ئازايغان.

ئاپتونوم رايونلۇق سەھىيە ـ ساغلاملىق كومىتېتى پارتگۇرۇپپىسىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، مۇدىر مۇتەللىپ روزى مۇنۇلارنى بىلدۈردى: كېيىنكى قەدەمدە، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى سەھىيە ـ ساغلاملىق تارماقلىرى نامرات ئاھالىلەرنىڭ كېسەل كۆرسىتىدىغان جاي بولۇش، دوختۇر بولۇش، تۈزۈم كاپالىتى بولۇشتىن ئىبارەت نىشان، ئۆلچەمنى چۆرىدەپ، ناھىيەلىك دوختۇرخانىلارنىڭ ئىقتىدار قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش، ناھىيە بىلەن يېزىلارنىڭ بىر گەۋدىلەشكەن مۇلازىمىتىنى قانات يايدۇرۇش، يېزا بىلەن كەنتلەرنىڭ بىر گەۋدىلەشكەن بىرلىشىپ هەردكەتلىنىپ باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش، يېزا ـ كەنت داۋالاش، سەھىيە ئاپپاراتلىرىنى ئۆلچەملەشتۈرۈش قۇرۇلۇشىنى ئالغا سىلجىتىشنى ئاساسىي هۇجۇم نىشانى قىلىش ئارقىلىق، نامرات ئاھالىلەرنىڭ «ئاساسىي داۋالىنىش كاپالىتىگە ئىگە بولۇش»تىكى گەۋدىلىك مەسىلىلەرنى ئومۇميۈزلۈك هەل قىلىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە هۇجۇم قىلىش جېڭىدە قەرەلدە غەلىبە قىلىشقا هەقىقىي كاپالەتلىك قىلىدۇ.

(بېشى 1 ـ بەتتە)

## ■ چوڭقۇر ئۆگىنىش، تولۇق ئۆزلەشتۈرۈش ئەسلىي مەقسەت ـ بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش

مەركەزلىك ئۆگىنىش كىتاب ئوقۇش كۇرسى ئۇيۇشتۇرۇش، باش تېمىلىق پارتىيە كۈنى پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇش، يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقىنى تەبرىكلەش يۇرۇشلۇق پائالىيەتكە قاتنىشىشقا تەشكىللەش قاتارلىق شەكىللەر ئارقىلىق، ئاقسۇ ۋىلايىتى ناھىيە، باشقارما دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئورۇنلار ھەممىدە پايدىلىنىپ يولغا قويغان ئورۇنلارنىڭ رەھبەرلىك بەنزىسى ۋە رەھبەرىي كادىرلارنىڭ ئۆگىنىش ـ تەربىيەسىنى گەۋدىلىك ياخشى تۇتۇپ، «شى جىنپىڭنىڭ ‹ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش› توغرىسىدىكى مۇھىم بايانلىرىدىن تاللانما» «شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى ئۆگىنىش پروگراممىسى» قاتارلىق بەلگىلەنگەن كىتاب ـ مۇندەرىجە بويىچە ئەينەن ئۆگىنىشتە چىڭ تۇرۇپ، ئەسلىي مەقسەتنى ساقلاش، بۇرچنى زىممىگە ئېلىش ئىدىيەۋى ئاڭلىقلىقى ۋە هەرىكەت ئاڭلىقلىقىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، پارتىيەنىڭ يېڭىلىق يارىتىشچان نەزەرىيەسى بىلەن كاللىنى قوراللاندۇرۇپ، ئەمەلىيەتكە يېتەكچىلىك قىلىپ، خىزمەتلەرگە تۈرتكە بولدى.

باش تېما تەربىيەسىدە، ئاقسۇ ۋىلايىتى ۋىلايەت، ناھىيەلەر قاتلامىغا، تۈركۈمگە بۆلۈپ ئورگان، مەكتەپ، دۆلەت كارخانىلىرى، ئىككى يېڭى تەشكىلاتنىڭ پارتىيە ياچېيكا شۇجىلىرىنى مەركەزلىك تەربىيەلىدى. ئوخشاش بولمىغان تىپ، ئوخشاش بولمىغان ساھەلەردىكى پارتىيە ئەزالىرىغا قارىتا، هەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى پارتىيە ئەزالىرىنى ئومۇميۈزلۈك قاپلىغان ئۆگىنىش ـ تەربىيە سىستېمىسىنى بەرپا قىلىپ، «1+N» قوشماقلىشىپ، ئالاقىلىشىپ، ئۆگىنىشكە ياردەم بېرىش مېخانىزمىنى ئورنىتىپ، تەۋەلىك رايون، تۈركۈم، قاتلامغا بۆلۈپ مەركەزلىك ئۆگىنىشنى قانات يايدۇرۇپ، ئۆگىنىش، خىزمەتنىڭ ئىككىلىسىگە دەخلى يەتكۈزمەسلىكنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، ئۆگىنىشكە تېگىشلىكلىرىنى تولۇق ئۆگىنىشكە هەقىقىي كاپالەتلىك قىلىپ، بىر ئادەمنىمۇ چۈشۈرۈپ قويمىدى.

9 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرى، ئاخىرلىرى، 10 ـ ئاينىڭ باشلىرىدا شايار ناھىيەسىدىكى تۆت بەنزە ئەزالىرى قېتىمغا بۆلۈپ ئورۇنلاشتۇرۇپ، يەتتە كۈنلۈك مەركەزلىك ئۆگىنىش ئېلىپ بېرىپ، مەخسۇس تېمىدا ئىككى قېتىم مۇھاكىمە ئېلىپ بېرىپ، شەخسلەرنىڭ ئىدىيە ۋە خىزمەت ئەمەلىيىتىگە زىچ بىرلەشتۈرۈپ، ئۆگىنىش تەسىراتلىرىنى ئالماشتۇرۇپ، مەسىلىلەرنى ئەستايىدىل تەكشۈرۈپ ـ كۆزىتىپ، مەنبەسى ئۈستىدە چوڭقۇر ئويلىنىپ، تۈزىتىش تەدبىرلىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى.

ئاقسۇ ۋىلايەتلىك پارتكوم ئىشخانىسى مەركەزلىك ئۆگىنىش ۋە شەخسلەر ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىشتە چىڭ تۇرۇش بىلەن بىللە، بارلىق پارتىيە ئەزالىرى ـ كادىرلارنى يولداش جاڭ فۇچىڭنىڭ ئىلغار ئىش ئىزلىرىدىن دوكلات بېرىش يىغىنىنىڭ سىننى كۆرۈشكە تەشكىللىدى، ۋىلايەتلىك پارتكوم ئىشخانىسى ئۇچۇر ئۇنىۋېرسال ئىشخانىسىنىڭ كادىرى كې شىجۈك مۇنداق دېدى: «جاڭ فۇچىڭنىڭ ئىش ئىزلىرى بىزنى ئىلھاملاندۇردى، مەن نام ـ ئاتاققا بېرىلمەي، ۋەزىپە ـ مەسئۇلىيىتىمنى تولۇق ئادا قىلىپ، هەربىر تۈرلۈك خىزمەتنى پۇختا، ياخشى ئىشلەيمەن».

ئاۋات ناھىيەسىدىكى تۆت بەنزە ئەزالىرى يۇقىرىدىكىلەر تۆۋەندىكىلەرگە باشلامچىلىق قىلىپ، ئۈلگە كۆرسىتىپ يېتەكلەپ، مەسىلىگە تەتبىقلاپ ئۆگىنىپ، ئاساسىي قاتلامغا چوڭقۇر چۆكۈپ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ، كەڭ دائىرىدە پىكىر ئېلىپ، ئەستايىدىل تەكشۈرۈپ ـ كۆزىتىپ، قايتا ئويلىنىپ، هەرقايسى تەرەپلەردىكى پىكىر ـ تەكلىپلەردىن 417نى يىغدى.

توقسۇ ناھىيەسىنىڭ ئۈچقات يېزىسى لەمپە كەنتى بارلىق پارتىيە ئەزالىرى ـ كادىرلارنى «ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» مەخسۇس فىلىمنى كۆرۈشكە تەشكىللەپ، پارتىيەنىڭ قۇرۇلۇش تارىخىنى قايتا ئەسلەپ، كۈرەش قىلىش ئېتىقادىنى چىڭىتتى. لەمپە كەنتىدىكى پارتىيە ئەزاسى ئابدۇراخمان يۈسۈپ مۇنداق دېدى: «فىلىم كۆرۈش ئارقىلىق كوممۇنىزملىق غايە ـ ئېتىقادىم ۋە بۇرچ ـ مەسئۇلىيىتىمنى يەنىمۇ چىڭىتىپ، پارتىيە ئەزاسىدا بولۇشقا تېگىشلىك مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى ۋە بۇرچ تۇيغۇسىنى تېخىمۇ ئايدىڭلاشتۇردۇم».

## ■ تۈزىتىپ ئەمەلىي ئۈنۈم يارىتىش كۈچىنى مۇجەسسەملەپ خەلق تۇرمۇشىغا بەخت يارىتىش

باش تېما تەربىيەسى قانات يايدۇرۇلغاندىن بۇيان، ئاقسۇ ۋىلايىتىدىكى هەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى مەسىلە يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇپ، پارتىيەلىك رەھبىرىي كادىرلار باشلامچى بولۇپ ئاساسىي قاتلامغا چوڭقۇر چۆكۈپ، ئامما ئارىسىغا چوڭقۇر چۆكۈپ، مۇقىملىق، تەرەققىياتنىڭ بىرىنچى سېپىگە چوڭقۇر چۆكۈپ، ئامما ئەڭ كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان ۋە دىققەت قىلىۋاتقان قىزىق نۇقتا، قىيىن نۇقتا مەسىلىلەردىن قول سېلىپ، ئامما ئەڭ ئالدىرىغان، ئەڭ غەم قىلغان، ئەڭ تەقەززا بولغان ئىشلارنى كۈچەپ بايقىدى، هەل قىلدى.

«قاتناش قۇرۇلۇشىدا ياسىلىدىغىنى يول، تۇتاشتۇرۇلىدىغىنى قەلب، تاشيول راۋانلاشسا شەھەر ـ يېزا يېقىن بولىدۇ، بۇ، پۇقرالارغا بېرىلگەن ئەمەلىي نەپ» دېدى 10 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى ئاۋات ناھىيەلىك قاتناش ـ ترانسپورت ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى ۋاڭ جۈگيۈن. ئاۋات ناھىيەلىك قاتناش ـ ترانسپورت ئىدارىسى باش تېما تەربىيەسى بىلەن ئۆز خىزمىتىنى زىچ بىرلەشتۈرۈپ، ئەسلىدىكى قۇرۇلۇش قەرەلىنى ئىشخانىدا سۆيلەشنى نەق مەيداندا نۇقتىدا تۇرۇشقا ئۆزگەرتىپ، چوڭقۇر تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش ئارقىلىق، مەسىلىنى ئەستايىدىل تەكشۈرۈپ ـ كۆزىتىپ، هەربىر يېزا ـ كەنت يولىنى «خەلق تۇرمۇشى يولى» «خەلقنى بېيىتىش يولى» «ئەلرايى يولى» قىلىپ ياساشقا هەقىقىي كاپالەتلىك قىلدى.

باي ناھىيەسى شەھەر ـ يېزىلاردىكى ئارتۇق ئەمگەك كۈچلىرىنى يۆتكەپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشقا مۇناسىۋەتلىك خىزمەتلەرنى چۆرىدەپ، ساقلانغان مەسىلىلەرنى تەكشۈرۈپ تېپىپ، سىرتقا چىقىپ پاختا تېرىشنى ئاممىنىڭ كىرىمنى ئاشۇرۇشتىكى ئۈنۈملۈك يول قىلىپ، مۇددەتتىن بۇرۇن ئەتراپتىكى كېۋەز تېرىلىدىغان ناھىيە(شەھەر)لەرگە بېرىپ ئادەم ئىشلىتىش كېلىشىمى ئۈستىدە كېڭەشتى هەم پاختا تەرگۈچىلەرنىڭ سىرتقا چىقىپ پاختا تېرىشى ئۈچۈن ئارقا سەپ كاپالىتىنى ياخشى ئىشلەپ، ئۇلارنىڭ غەم ـ ئەندىشىسىنى تۈگەتتى. هازىرغا قەدەر، بۇ ناھىيەدىن سىرتقا پاختا تەرگىلى چىققان ئارتۇق ئەمگەك كۈچى 8600دىن ئاشتى، بۇنىڭغا باشقا يوللار ئارقىلىق يۆتكىلىپ ئىشقا ئورۇنلاشقانلار قوشۇلۇپ جەمئىي 20 مىڭدىن ئاشتى، كىشى بېشىغا ئېيىغا كۆپەيگەن كىرىم 2000 يۈەندىن ئاشتى.

باش تېما تەربىيەسىدە، ئاقسۇ ۋىلايىتىدىكى هەر دەرىجىلىك «ئەلرايىنى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش» بويىچە كەنتتە تۇرۇشلۇق خىزمەت ئەترەتلىرى ئامما دىققەت قىلىۋاتقانغا جاۋاب قايتۇرۇپ، ئامما ئەندىشە قىلىدىغان ئىشلارنى، باش قاتۇرىدىغان ئىشلارنى، غەم قىلىدىغان ئىشلارنى كۈچەپ هەل قىلىپ، ئۆگىنىش بىلەن ئىشلەشنى بىرلەشتۈرۈپ، ئەسلىي مەقسەت ۋە بۇرچنى ئاممىغا مۇلازىمەت قىلىشتىكى مەسئۇلىيەت ۋە هەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچكە ئايلاندۇردى.

ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم تەشكىلات بۆلۈمىنىڭ ئۈچتۇرپان ناھىيەسىنىڭ ئالغا بازىرى يار بېشى كەنتىدە تۇرۇشلۇق «ئەلرايىنى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش» خىزمەت ئەترىتى دىققەتنى چوڭقۇر ئۆگىنىش، توغرا تېپىپ چىقىش، پۇختا ئۆزگەرتىشكە مەركەزلەشتۈرۈپ، ئەسلىي بۇرچنى چوڭقۇر ئانالىز قىلىپ، ئائىلىلەرگە كىرىپ زىيارەت قىلىشنى پۇختا قانات يايدۇرۇپ، كەنت ئاھالىلىرى بىلەن يۈزتۇرا، سەمىمىي، چوڭقۇر پاراڭلاشتى. نۆۋەتتە، پارتىيە ئەزالىرىنىڭ ئاۋانگارتلاردىن بولۇپ ئۆزئارا ياردەم بېرىش پىدائىيلار پائالىيىتى 94 ئادەم قېتىم قانات يايدۇرۇلۇپ، ئاممىنىڭ 58 ئەمەلىي مەسىلىسى ۋە قىيىنچىلىقى هەل قىلىندى.

ئاپتونوم رايونلۇق ئارمىيەدىن چېكىنگەن هەربىيلەر ئىشلىرى نازارىتىنىڭ ئاۋات ناھىيەسىنىڭ غورۇچۆل بازىرى كەلپىن كەنتىدە تۇرۇشلۇق «ئەلرايىنى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش» خىزمەت ئەترىتى «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىشىپ بىر ئائىلە كىشىلىرىدەك بولۇش» پائالىيىتى بىلەن ئارتۇق ئەمگەك كۈچلىرىنى يۆتكەپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى بىرلەشتۈرۈپ، مەدەنىيلىك يەتكۈزۈش، مەدەنىيەت يەتكۈزۈش، تېخنىكا يەتكۈزۈش پائالىيىتىنى قانات يايدۇردى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، يېزا ئەمگەك كۈچلىرىنىڭ قۇرۇلمىسىغا ئاساسەن، كەنتتىكى ئاياللارنى هەرىكەتكە كەلتۈردى. نۆۋەتتە، پۈتۈن كەنتتە 91 ئايال هۆسن تۈزەش، چاچ ياساش، پېچىنە ـ پىرەنىك پىشۇرۇش، تىككۈچىلىك، زامانىۋى يېمەك ـ ئىچمەك ماھارىتى بويىچە تەربىيەلەشكە قاتنىشىشنى ئىلتىماس قىلدى.

مىللەتنىڭ گۈللىنىشى ئۈچۈن ـ قەھرىمانلار، قۇربانلار شەجەرىسى

# تيەن شيۇچۈەن: جان پىدالىق بىلەن پارتلاتقۇچ دورىنى تارتىۋېلىپ، هايات قېلىش ئۈمىدىنى باشقىلارغا قالدۇرۇش


تيەن شيۇچۈەننىڭ سۈرىتى.
□ شىنخۇا ئاگېنتلىقى تارقاتقان

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، شىجياجۇاڭ، 9 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى تېلېگراممىسى (مۇخبىر ياڭ فەن)**
خېيلۇڭجياڭ ئۆلكىسى خېگاڭ شەھىرىدىكى ئىنقىلابىي قۇربانلار قەبرىستانلىقىدىكى ياپېشىل قارىغاي ۋە ئارچىلار ئارىسىدا بىر قەبرە تېشى قەد كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ، «ئادەم قالقان» بولۇشقا رازى بولغان، هاياتى ئارقىلىق خەلق ساقچىلىرىنىڭ ۋەزىپە ـ مەسئۇلىيىتى ۋە زىممىگە ئېلىشنى ئىزاھلىغان بىر ئىنقىلابىي قۇربان بۇ يەردە خاتىرجەم ياتىدۇ. ئۇ دەل تيەن شيۇچۈەن.

تيەن شيۇچۈەن 1942 ـ يىلى خېبېي ئۆلكىسىنىڭ تاڭشەن شەھىرى يۈتيەن ناھىيەسىدە تۇغۇلغان، 1961 ـ يىلى ئارمىيەگە قاتنىشىپ قىسىمغا كىرگەن. قىسىمدا پائال ئىلگىرىلەپ، ئۈچ قېتىم تەقدىرلەنگەن، ئالتە قېتىم «بەشتە ياخشى جەڭچى» بولۇپ باھالانغان. 1968 ـ يىلى تيەن شيۇچۈەن كەسىپ ئالماشتۇرۇپ جامائەت خەۋپسىزلىكى خىزمىتىگە قاتنىشىپ، خېيلۇڭجياڭ ئۆلكىسى خېگاڭ شەھەرلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى جىنايى ئىشلار ساقچى ئەترىتىنىڭ خەلق ساقچىسى، شىنيى ساقچىخانىسىنىڭ خەلق ساقچىسى، ساقچىخانا باشلىقى، دۆڭشېڭ ساقچىخانىسىنىڭ سىياسىي جىداۋيۈەنى بولغان.

جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىش ئورنىغا چىققاندىن كېيىن، تيەن شيۇچۈەن پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن خىزمەت قىلغان، 19 يىلدا دادىسى سەكراتتا چۈشۈپ قېلىش سەۋەبىدىنلا بىر قېتىم رۇخسەت سورىغان. ئامما قىيىنچىلىققا يولۇققاندا، ئۇ هەممىشە بىرىنچى ۋاقىتتا قىزغىن ياردەم بەرگەن، ئۇ دائىم: «خەلق ساقچىلىرى سەپنىڭ ئالدىدا مېڭىشى كېرەك» دەيتتى.

تيەن شيۇچۈەن قىسىمنىڭ شەرەپلىك ئەنئەنىسىنى باشتىن ـ ئاخىر ساقلىدى، ساقچىخانىنىڭ سىياسىي جىداۋيۈەنى بولغان مەزگىلدە خىزمەتنى تىرىشىپ ئىشلىدى، ئۇ ئىدىيەۋى ـ سىياسىي خىزمەت ئىشلەشكە ماھىر ئىدى. يېڭىدىن تەقسىم قىلىنغان بىر ياش يولداش ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىدىن ئۆتەلمىگەچكە روھى چۈشۈپ كەتكەنىدى، تيەن شيۇچۈەننىڭ ئۇنىڭ بىلەن كۆپ قېتىم سىردىشىشى ئارقىسىدا، ئۇ ئاخىر روھىي يۈكنى تاشلاپ ئاكتىپ ئىشلەپ، بىر يىلدا جىنايى ئىشلار دېلوسىدىن يەتتىنى پاش قىلىپ، شۆبە ئىدارىنىڭ تەقدىرلىشىگە ئېرىشتى. تيەن شيۇچۈەن يەنە خەلق ساقچىلىرىنىڭ قانۇن ـ ئىنتىزامغا رىئايە قىلىش تەربىيەسىنى چىڭ تۇتۇشقا ئەھمىيەت بېرىپ، ئىنتىزامغا خىلاپلىق قىلىش بىخ ھالەتلىرىنى ئەستايىدىل تۈزەتتى ۋە ئالدىنى ئالدى، ساقچىخانىنىڭ ساقچى ئىستىلى، ساقچى ئىنتىزامى ئۈزلۈكسىز ياخشىلاندى.

تيەن شيۇچۈەن ئەزەلدىن هوقۇقىدىن پايدىلىنىپ ئۆز كۆمچىگە چوغ تارتمىدى، ئادەمگەرچىلىك دېلوسى بېجىرمىدى. خىزمەت قىلغان كۆپ يىللاردىن بۇيان ئۇ ئېلىشنى رەت قىلغان پۇل ـ مالنىڭ سانىنى بىلگىلى بولمايدۇ.

ۋاقتنى 1988 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنىگە قايتۇرساق، تيەن شيۇچۈەن ساقچىخانا بىناسىنىڭ ئۈستۈنكى قەۋىتىدىكى دۆڭشەن رايونلۇق خەلق سوت مەھكىمىسى جىنايى ئىشلار سوت كوللېگىيەسىگە بىر دېلونى ئىگىلەشكە كەلدى. سائەت 13تىن 40 مىنۇتلار ئۆتكەندە، بىر خىزمەتچى خادىم ھاسىرىغىنىچە يۈگۈرۈپ كېلىپ: «جېدەل چىقارغۇچى پارتلاتقۇچ بوغچىسىنى كۆتۈرۈپ چىقىۋاتىدۇ، قاتىللىق قىلىپ دېلو بېجىرگۈچى ساقچىلاردىن ئۆچ ئالماقچى!» دېدى. تيەن شيۇچۈەن خەۋەرنى ئاڭلاپ دەرھال تۆۋەنكى قەۋەتكە قاراپ يۈگۈردى، بىرىنچى قەۋەتنىڭ پەلەمپەي ئېغىزىدا بىر قولىدا پارتلاتقۇچ بوغچىسى، يەنە بىر قولىدا پارتلىتىش ئەسۋابىنى كۆتۈرۈۋالغان توپىلاڭچىنى توسۇۋالدى.

تيەن شيۇچۈەن پارتلاتقۇچ بوغچىسى پارتلىسا، ئەتراپتىكى ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر تالاپەتكە ئۇچراپلا قالماي، خىزمەت بىناسىنىڭمۇ ئۆرۈلۈپ چۈشۈش ئېھتىمالى بارلىقىنى بىلەتتى.

ئەھۋال قىل ئۈستىدە تۇرغان خەتەرلىك پەيتتە، تيەن شيۇچۈەن بىر تەرەپتىن سۆزلەپ، بىر تەرەپتىن ئالدىغا ئۆتۈپ توپىلاڭچىنى سىرتقا باشلىدى. ئۇلار خىزمەت بىناسىنىڭ ئىككىنچى ئىشىكىدىن چىققاندا، تيەن شيۇچۈەن توپىلاڭچى بىلەن ئېلىشىپ، پۈتۈن كۈچ بىلەن پارتلاتقۇچنى تارتىۋالماقچى بولدى، لېكىن بۇ چاغدا توپىلاڭچى پارتلاتقۇچ ئەسۋابىنى قوزغىتىۋەتتى.

قاتتىق پارتلاش ئاۋازى بىلەن تەڭ، تيەن شيۇچۈەننىڭ سول بىلىكى پارتلاشتا ئۈزۈلۈپ، كۆكرەك قىسمى قىيما ـ چىيما بولۇپ، نەق مەيداندا قەھرىمانلارچە قۇربان بولدى، توپىلاڭچىمۇ شۇ هامان ئۆلدى. هاۋا دولقۇنى ئىشىك سىرتىدىكى كىشىلەرنى نەچچە مېتىر يىراقلىققا ئېتىۋەتتى، بىنانىڭ ئىشىكى پارتلاشتا ئۇچۇپ كەتتى. باشقا ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر ۋە ئاممىنىڭ هاياتى قوغداپ قېلىندى، پۈتكۈل خىزمەت بىناسى ساقلاپ قېلىندى.

تيەن شيۇچۈەن ئۆزى قۇربان بېرىش بەدىلىگە دۆلەت ۋە خەلق ئاممىسىنىڭ هاياتى، مال ـ مۈلۈك بىخەتەرلىكىنى قولغا كەلتۈرۈپ، بىر خەلق ساقچىسىنىڭ پارتىيەگە، خەلققە، كەسپىگە بولغان ساداقىتىنى پۈتتى. 1988 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى، جامائەت خەۋپسىزلىكى مىنىستىرلىقى تەرىپىدىن 1 ـ دەرىجىلىك قەھرىمان نەمۇنىچى دەپ تولۇقلاپ نام بېرىلدى، 4 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى خېيلۇڭجياڭ ئۆلكىلىك خەلق هۆكۈمىتى تەرىپىدىن ئىنقىلابىي قۇربان دەپ تەستىقلاندى.

بۈگۈنكى كۈندە ئىنقىلابىي قۇربان تيەن شيۇچۈەننىڭ يۇرتى خېبېي ئۆلكىسىنىڭ يۈتيەن ناھىيەسىدە، هەر دەرىجىلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى كادىر ـ ساقچىلىرى قارا، رەزىل كۈچلەرنى يوقىتىش مەخسۇس كۈرىشىنى چوڭقۇر قانات يايدۇرماقتا. يۈتيەن ناھىيەلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىنىڭ خەلق ساقچىلىرى بەس ـ بەستە مۇنداق بىلدۈردى: ئىنقىلابىي قۇربان تيەن شيۇچۈەننىڭ قەھرىمانلىق ئىش ئىزلىرى بىزنى ناھايىتى زور تەربىيەگە ئىگە قىلدى، بىز ئىنقىلابىي قۇربانىنىڭ پارتىيە ۋە خەلق ئىشلىرى ئۈچۈن قۇربان بېرىشتىن قورقمايدىغان روھىدىن ئۆگىنىپ، قارا، رەزىل كۈچلەرنى يوقىتىش مەخسۇس كۈرىشىدە باتۇرلۇق بىلەن ئاۋانگارت بولۇپ، خەلق ئاممىسى ئۈچۈن خاتىرجەم، ئىناق تۇرمۇش مۇھىتى يارىتىپ بېرىمىز.

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھرى ياڭزىجياك كوچىسى 1 ـ نومۇر. ئېلان باشقارمىسى: 5850783، تارقىتىش مەركىزى: 5859769، تېلېگراف نومۇرى: 5028. پوچتا نومۇرى: 830051. گېزىتنىڭ يىللىق باھاسى: 336 يۈەن، ئايلىق باھاسى: 28 يۈەن، پارچە باھاسى: بىر يۈەن (گېزىتنىڭ تىزىملاش نومۇرى: 102)